# جەنۇبىي شىنجاڭ تۇپرىقىدا يېڭى كەيپىيات ئەۋج ئالدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شۇ كۈنى، گۇما ناھىيەسى مۇجى بازىرى ھاسار كەنتىدە، ئەمدىلا «4 ـ ماي» ياشلار بايرىمى ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيىتىگە قاتنىشىپ كەلگەن كەنت ئاھالىسى ئاينىسا جېلىل چوڭقۇر ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «بىز قانداق كىيىنىش، قانداق گىرىم قىلىشنى ئۆگىنىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ‹بەشىنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش›نى كۈچەيتىپ، پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىپ، يېڭى كەيپىياتتا يېتەكلەيدىغان يېڭى دەۋر ئاياللىرىدىن بولىمىز».

قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسى رۇيى پەن ـ تېخنىكا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ سېخ ئىشىكى ئالدىدا، مەرھابا ئۇرايىم چىرايلىق قاشلىق قىلىپ، لەۋسۇرۇخ سۇرۇپ، ناھايىتى چىرايلىق ياسىنىۋالغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە، ئۇ يېزىلىق ياشتىن سانائەت ئىشچىسىغا ئايلىنىپ، خىزمەت ۋە كىرىمگە ئىگە بولدى. ئۇ سەل تارتىنغان ھالدا مۇخبىرلار بىلەن پاراڭلىشىپ: «كارخانىدا ئىشلىگەندىن كېيىنكى ئەڭ زور ئۆزگىرىشىم شۇ بولدىكى، ئۆزۈمگە ئىشىنىدىغان، ئالغا ئىنتىلىدىغان بولدۇم، ئۆگىنىش ئاكتىپلىقىم يۇقىرى كۆتۈرۈلدى» دېدى.

بەش يىلدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى ۋە شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جەنۇبىي شىنجاڭ تۇپرىقىدا مۇقىملىقنىڭ پايدىسى ئۈزلۈكسىز قويۇپ بېرىلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىدىيەۋى تونۇشى، ھەرىكەت شەكلى قاتارلىق جەھەتلەردە زور ئۆزگىرىش بولدى، ھەممىلا يەردە تىرىشىپ ئىشلەپچىقىرىۋاتقان، ئەستايىدىل خىزمەت قىلىۋاتقان، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان سىمانى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

### ■ يېڭى تۇرمۇش يېڭى ئارزۇ ئېلىپ كەلدى

قەشقەر ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى شىبىجىن كەسپلەر باغچىسىدىكى شىنجاڭ مېيلىئۇ كىيىم ـ كېچەك چەكلىك شىركىتىدە، كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ «تاق، تاق، تاق» قىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئىشچىلار زاكاز تاماملاش ئۈچۈن ئالدىراپ كىيىم تىكىۋاتاتتى. كەنت ئاھالىلىرى ئىشىكى ئالدىدا ئىشقا ئولتۇرۇپ، كەنتتىن چىقمايلا كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرغانىدى.

قەشقەر شەھىرى پاختەكلى يېزىسى پاختەكلى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى نۇرگۈل ئەنۋەر شىنجاڭ مېيلىئۇ كىيىم ـ كېچەك چەكلىك شىركىتى تىككۈچىلىك سېخىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى. ئەينى چاغدا زاۋۇتقا تۇنجى قېتىم كەلگەن ۋاقىتتىكى «كۆرۈپ بېقىش» ھالىتىدىن بۈگۈنكى كۈندىكى باشقۇرغۇچى بولۇپ يېتىشىپ چىققىچە، ئۆتكەن ئۈچ يىلدا نۇرگۈل ئاز بولمىغان ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى، مائاش سەۋىيەسىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆستى.

«ئىلگىرى، ئون يۈەنلىك كۆكتات سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئېرىمدىن پۇل سورايتتىم، ھازىر مەن ھەر ئايدا قېينئانامغا 1000 يۈەن تۇرمۇش پۇلى بېرىمەن، ئېشىپ قالغان مائاشىمغا نېمە ئالغۇم كەلسە شۇنى ئالىمەن» دېدى نۇرگۈل كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەڭ چوڭ خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى، ئەلرايى قۇرۇلۇشى. بىر ئادەمنىڭ خىزمىتى بولغاندىلا، ئاندىن كۆڭلى توق ھەم تەمكىن بولىدۇ؛ بىر ئائىلىدە بىر ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشقاندىلا، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان ئىشەنچكە، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىش ئۈمىدىگە ئىگە بولىدۇ.

مۇخبىرلار خوتەن ناھىيەسى لايقا يېزىسى ياڭاقچىلىق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ھاۋانىسا روزىنىيازنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، ئۇ پۈتكەن تونۇرنىڭ ئېغىزىنى تۆمۈر سىم بىلەن چەمبەرلەۋاتاتتى.

ھاۋانىسا ياڭاقچىلىق كەنتىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالە بولۇپ، 2016 ـ يىلى تونۇر ياساشتىن ئىبارەت بۇ ھۈنەرگە تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، 2018 ـ يىلى پۈتۈن ئائىلىسىنىڭ كىرىمى 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۈگۈنكى كۈندە، ئۇ كەنتتىكى سەككىز ئايالنى يېتەكلەپ بىللە تونۇر ياساۋاتىدۇ.

«ھازىر، مەن كۈندە ئۈچ تونۇر ساتالايمەن، ھەربىرىنىڭ باھاسى 150 يۈەندىن 1200 يۈەنگىچە ئوخشىمايدۇ، تۇرمۇشىمىز ناھايىتى ياخشى» دېدى ھاۋانىسا.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت دېھقان ـ چارۋىچىلار ئىلگىرىكى ئۆيدىن ئايرىلىشنى خالىماسلىقتىن بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە تالىشىپ تۇرۇپ خىزمەت ئىزدەيدىغان بولدى، كۆز قارىشىدا زور ئۆزگىرىش بولدى. تېخىمۇ كۆپ كىشى سىرتقا چىقىپ ئىشلەشنى، ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولدى. ئىشقا ئورۇنلىشىش ئۇلارنىڭ ھەميىنى تومپايتتى، ئۇلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى تېخىمۇ بېيىتتى؛ ئۇلار ئۈمىدكە تولغان ئەمگەك كىرىمىنى ئېلىپ كەلدى، شۇنداقلا يەنە زامانىۋى مەدەنىي يېڭى ئىستىلىنىمۇ ئېلىپ كەلدى.

### ■ يېڭى قىياپەت يېڭى ھاياتىي كۈچنى ئۇرغۇتتى

ئاۋات ناھىيەسىنىڭ يېڭىئېرىق بازىرى سۆگەتئېرىق كەنتىگە كىرگىنىمىزدە، ئۆزگىرىشلەرنى ئاسانلا ھېس قىلىمىز.

«بۈگۈنكى كۈندە، كەنت ئاھالە كومىتېتى قورۇسى ئاھالىلەر بېرىشنى ئەڭ خالايدىغان جاي.» سۆگەتئېرىق كەنتى ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى ئامانگۈل مەسۇم مۇنداق دېدى: «بۇ يەردە ئەتىياز، ياز، كۈز ئۈچ پەسىلدە قىزىپ كېتىدىغان مەدەنىيەت مەيدانى بار، قىش پەسلىدە كۈلكە ـ چاقچاققا تولغان مەدەنىيەت پائالىيەت ئۆيى ۋە رېپېتىتسىيە سارىيى بار. ھەر ھەپتىدە ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدۇ، ھېيت ـ بايراملاردا تېخىمۇ شۇنداق».

جەنۇبىي شىنجاڭ تۇپرىقىدا سۆگەتئېرىق كەنتىگە ئوخشاش بۇنداق مول مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزىدىغان كەنتلەرنى ھەممىلا يەردە ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ھەرقايسى جايلاردىكى مول يېزا ـ كەنت مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ روھىي قىياپىتىنى پۈتۈنلەي يېڭىلاپ، ئۇلارنىڭ زامانىۋى مەدەنىي تۇرمۇشقا تەلپۈنۈش ئارزۇسىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى، تۇرمۇشقا نىسبەتەن تېخىمۇ يۇقىرى ئىنتىلىشى بار بولدى. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، پائالىيەت جەريانىدا ھەر مىللەت ئاممىسى چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھېسسىياتنى كۈچەيتىپ، ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشتى.

«مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» پائالىيىتى تىلغا ئېلىنغاندا، كۇچا ناھىيەسى چىمەن بازىرى نىڭبو ـ كۇچا ئىتتىپاق كەنتىدىكى 60 نەچچە ياشلىق كەنت ئاھالىسى مەمەت ھاپىز پەخىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى: «مېنىڭ جەمئىي يەتتە قوشماقلاشقان تۇغقىنىم بار، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مەن بىلەن كۆپ يىللىق قوشنا، بەزىلىرى مەن بىلەن ئوخشاش بىر باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپىراتىپىدا كالا باقىدۇ، بەزىلىرى قوشنا كەنتتىكى تېرىقچىلىق چوڭ ئائىلىسى، يەنە ناھىيە، يېزا كادىرلىرى ۋە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە كەلگەن كادىرلارمۇ بار. بىز ئۆزئارا ياردەملىشىمىز، ھەمدەم بولىمىز، بېيىش ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش ئىشەنچىمىز تولۇپ تاشتى».

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جان تومۇرى. ئاپتونوم رايوننىڭ «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىدە، ھەر مىللەت كادىر، خىزمەتچىلەر جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزا ـ كەنتلىرىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ھەر مىللەت ئامما بىلەن تاماقتا، يېتىپ ـ قوپۇشتا، ئەمگەكتە، ئۆگىنىشتە بىللە بولۇپ، «بېرىپ كېلىش»تىن «قونۇپ كېلىش»كىچە، «كەنتتە تۇرۇش»تىن «قەلبتىن ئورۇن ئېلىش»قىچە كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ يېقىنلاشتى، مېھرى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى.

مۇقىملىق پايدىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز قويۇپ بېرىلىشىگە ئەگىشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئامما زامانىۋى تۇرمۇشقا كەڭ قۇچاق ئېچىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى چىن قەلبىدىن قوغداپ، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن گۈزەل يۇرت ـ ماكان قۇرۇپ، بۇ قەدىمىي تۇپراقتا جۇشقۇنلۇق ۋە يېڭى ھاياتىي كۈچنى ئۇرغۇتتى.

# ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى ۋەكىللىك زاتلارنى يوقلىدى، ھال سورىدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دىنىي ساھەدىكى كەڭ زاتلار ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش ئېسىل ئەنئەنىسىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دىنلار ئىناقلىقىنى قوغداشقا پائال تۆھپە قوشتى. دىن ساھەسىدىكى كەڭ زاتلارنىڭ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئاڭلىق ئۆگىنىپ، ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش ئېسىل ئەنئەنىسىنى داۋاملىق ئەۋج ئالدۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ دىنلارنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، دىنىي بىلىملىرىنى ئۈزلۈكسىز تولۇقلاپ، زامانىۋى مەدەنىيەت بىلىملىرىنى كەڭ دائىرىدە ئۆگىنىپ، دىنىي ئەقىدە، دىنىي قائىدىلەردىكى جەمئىيەت ئىناقلىقى، دەۋر تەرەققىياتى، ساغلام مەدەنىيلىككە پايدىلىق مەزمۇنلارنى چوڭقۇر قېزىپ، دىنىي قائىدە، دىنىي ئەقىدىلەرنى زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ تەرەققىيات ـ ئىلگىرىلەش تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان قىلىپ شەرھلەپ چۈشەندۈرۈپ، دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، تىرىشىپ سىياسىي جەھەتتە ئىشەنچلىك، دىنىي جەھەتتە بىلىملىك، ئەخلاق ـ پەزىلەت جەھەتتە ئاممىنى قايىل قىلالايدىغان، ئاچقۇچلۇق پەيتتە رول ئوينىيالايدىغان ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلاردىن بولۇپ، بارلىق دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشقا يېتەكلەشنى ئۈمىد قىلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر پارتىيەنىڭ دىن خىزمىتى ئاساسىي فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىنىي تەشكىلاتلار، مەكتەپلەر، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى، دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قانۇن ـ بەلگىلىمە بويىچە قوغداپ، پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىپ ۋە ئۇنى قوغداپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجىغا ۋە نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى ئۇرۇق ـ تۇغقىنى، دوستى دەپ بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، مۇلازىمەتنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا چىن كۆڭلىدىن ياردەم بېرىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى ۋەكىللىك زاتلار بىردەك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت پارتىيەنىڭ دىن سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارغا كۆڭۈل بۆلدى، غەمخورلۇق قىلدى، بىز چىن قەلبىمىزدىن يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ياخشى سىياسىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز. ئۇلار بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: روزىنى تولۇق، ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، تىنچلىققا ئىنتىلىش، ئوتتۇرا يول تۇتۇش، توغرا ئېتىقاد قىلىش ئىدىيەسىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ سىڭىپ كىرىشى ۋە يامرىشىنى قەتئىي توسۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنى ۋەتەننىڭ بىرلىكى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دىنلار ئىناقلىقىنى قوغداشقا پائال يېتەكلەپ، تىرىشىپ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن ئاكتىپ كۈچ قوشىمىز.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بايرام كۈنى، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ لەڭگەر كوچا باشقارمىسى خۇڭگۇاڭ مەھەللىسى پارتىيە ياچېيكىسى بىلەن ئاقسۇ شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنىنىڭ خۇڭگۇاڭ مەھەللىسىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى ھال سوراش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، مەھەللىدىكى قىيىنچىلىقى بار ئامما، ھەرىكىتى قولايسىز پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرى، ئارمىيەدىن چېكىنگەن پېشقەدەم ھەربىيلەر، ئىگە ـ چاقىسىز ياشانغانلارنى يوقلاپ، ھال سوراپ، ئۇلارغا بايراملىق بەخت تىلەپ ۋە ھال سوراش بۇيۇملىرىنى بېرىپ، ئۇلارغا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىنى ھېس قىلدۇردى.

ئۈرۈمچىدە ئولتۇرۇشلۇق ئەركىن قادىر بىر نەچچە كۈن بۇرۇنلا روزا ھېيتلىق تەييارلىقنى باشلىدى، تازىلىق قىلغاندىن باشقا، ئۇ يەنە مېۋە ـ چېۋە، پېچىنە ـ پىرەنىك قاتارلىق تۈرلۈك نازۇنېمەتلەرنى سېتىۋېلىپ، ھېيت كۈنى ھېيتلاپ كېلىدىغان تۇغقانلىرى، دوست ـ بۇرادەرلىرىنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىق قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: ھازىر تۇرمۇش شارائىتىمىز بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتىدۇ، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكتىن غەم قىلمايمىز. بايرام مەزگىلىدە تۇغقانلار، دوست ـ بۇرادەرلەر بىلەن ئۆزئارا كۆپرەك بېرىش ـ كېلىش قىلىپ، كۆپرەك جەم بولساق، بايرام تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك ئۆتىدۇ.

شۇ كۈنى، كۆپلىگەن ئامما بايراملىق دەم ئېلىشتىن پايدىلىنىپ تۇغقانلىرى، دوست ـ بۇرادەرلىرىنى يوقلىدى، ساياھەتكە چىقتى.

«ئېرتىش دەرياسى بويىدىكى بىرىنچى كەنت» دېگەن گۈزەل نامى بار كۆكتوقاي بازىرىنىڭ تاراتى كەنتىدە، نۇرغۇن كەنت ئاھالىسى سەھەردىلا ئالدىراش بولۇپ كەتتى. «بۇ يىلقى ساياھەت پەسلى ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن بالدۇرراق كەلدى، بۈگۈن روزا ھېيت، نۇرغۇن ساياھەتچى كۆكتوقايغا ساياھەتكە كەلدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن كىشى تاماق ۋە ياتاقنى كەنتىمىزگە ئورۇنلاشتۇرۇشنى پىلانلىدى. مېنىڭ پۇقراۋى قونالغۇم تۈنۈگۈنلا ئالدىن زاكاز قىلىنىپ بولدى، ھازىر تەييارلاۋاتقىنىم دەل ئۇلارنىڭ چۈشلۈك تامىقى.» قارا يورغا سارىيىنىڭ ئەر خوجايىنى ئاكپار بىمۇلا مۇنداق دېدى: ھازىر تۇرمۇش شارائىتىمىز ياخشىلاندى، ھەربىر كۈننى شادلىققا تولغان بايرامدەك ھېس قىلىمىز. ھەر كۈنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالىمىز، كۈنلىرىمىزنى شۇنداق مەنىلىك ۋە بەختلىك ھېس قىلىمىز.

**(مۇخبىرلىرىمىز خەن چىنيەن، جاۋ يۈ، مالىنيۈن، جاڭ تىڭ، يې شياۋمىن، لى داۋجۈڭ، بايىنغولىن ئوبلاستى مۇخبىرلار پونكىتىدىن ياڭ شياۋدۇڭ، ئاقسۇ مۇخبىرلار پونكىتىدىن لىيۇ خۇڭۋېن، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز پەن يەنيۈن، بەي يانەن، خۇ جىنلياڭ، لى خۇي، گو ۋېيۋېي يازغان)**

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر شاۋكەت ئىمىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر لى شۆجۈن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنۇتماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن پۈتۈن پارتىيەنى قوراللاندۇرۇشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى؛ يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى؛ پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىنى ساقلاشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى؛ پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىدا بېكىتىلگەن نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى؛ يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى. ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنۇتماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: «ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش، پەرقلەرنى تېپىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش» «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنۇتماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ئومۇمىي تەلىپى. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان سىياسىي پەزىلەتنى تاۋلاپ، ئۆگىنىش ـ تەربىيەنى كۈچەيتىپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنۇتماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنۇتماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتا ۋاقىت قىس، ۋەزىپە ئېغىر، تەلەپ يۇقىرى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەشۋىقات ـ يېتەكچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، شەكلىۋازلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بىلەن چىڭ تۇتۇشى، ياخشى تۇتۇشى، ئەمەلىي ئۈنۈم كۆرۈلگىچە تۇتۇشى كېرەك. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنۇتماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتى، ئىسلاھاتىدىكى تۈرلۈك ئىشلاردا يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن . قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# لىيۇ گوجى: ساپ قەلبكە ئىگە بولۇپ، ئۆلسىمۇ پۇشايمان قىلماسلىق

## —— «قىزىل قىيا»دىكى قەھرىمان لىيۇ سىياڭنىڭ ئەسلىي پورترېتى توغرىسىدا



لىيۇ گوجىنىڭ سۈرىتى (ماتېرىيال سۈرەت). □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چېڭدۇ، 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر يۈەن چيۇيۈ)** ئۇ «قىزىل قىيا» رومانىدىكى پېرسوناژ لىيۇ سىياڭنىڭ ئەسلىي پورترېتى؛ ئۇ باي ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، ساپ قەلبى بىلەن ئىنقىلابقا ئاتلانغان؛ ئۇ «پىداكارلار شېئىرى»نى ئۈنلۈك دېكلاماتسىيە قىلىپ بەيگۇڭگۇەندە باتۇرلارچە قۇربان بولغان، ئەينى يىلى ئاران 28 ياشتا ئىدى، ئۇ بولسىمۇ لىيۇ گوجى.

لىيۇ گوجى سىچۈەن لۇجوۋدىن، 1921 ـ يىلى شۇ جايدىكى مەرتىۋىلىك جەمەتتە تۇغۇلغان، ئۇ باللارنىڭ يەتتىنچىسى بولۇپ، بۇ چوڭ ئائىلىنىڭ ئەتىۋارلىق ئەركە ئوغلى ئىدى. 1939 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، شىنەن بىرلەشمە داشۆسىنىڭ ئىقتىساد شىسىدا ئوقۇغان، 1940 ـ يىلى مەكتەپتە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن.

1942 ـ يىلى لىيۇ گوجى كۈنمىڭدىن چۇڭچىڭغا پارتىيە تەشكىلاتىنى ئىزدەپ بارغان، ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى جەنۇب بيۇروسى ياشلار گۇرۇپپىسىدىكى لىيۇ گۇاڭغا تونۇشتۇرۇلغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى جەنۇب بيۇروسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، سىچۈەن ئۆلكىلىك بانكا ئىقتىساد تەتقىقات ئورنى ماتېرىيال ئىشخانىسىنىڭ خىزمەتچى خادىملىق ئاشكارا كەسپىنى نىقاب قىلىپ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرغان. 1945 ـ يىلى دېموكراتىيە ئىتتىپاقىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇ ياشلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتناشقان ۋە ئۇنى تەشكىللىگەن.

1947 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى «شىنخۇا گېزىتى» مەجبۇرىي چېكىنگەندىن كېيىن، لىيۇ گوجى «ئىلگىرىلەش گېزىتى»نى نەشر قىلىش، تارقىتىشقا زور كۈچ بىلەن ھەمكارلاشقان. شۇ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، گومىنداڭ چېڭدۇ بىلەن چۇڭچىڭدا كەڭ كۆلەملىك قولغا ئېلىش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارغان، چۇڭچىڭدىلا بىر كېچىدە قولغا ئېلىنغان ۋەتەنپەرۋەر زات، ئىلغار پروفېسسور، ئوقۇغۇچى، مۇخبىر 200 نەچچە كىشىگە يەتكەن، لىيۇ گوجى كۈنبويى چېپىپ يۈرۈپ، «1 ـ ئىيۇن ۋەقەسىدىن كېيىنكى ياردەم بېرىش ئۇيۇشمىسى» ۋە كومپارتىيەنىڭ سىرتقى تەشكىلاتى «1 ـ ئىيۇن جەمئىيىتى»نى قۇرۇپ، زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇش نامايىشىغا رەھبەرلىك قىلغان، «1 ـ ئىيۇن» زور كۆلەملىك قولغا ئېلىشتا قولغا ئېلىنغان ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى قۇتقۇزغان. ئۇزاق ئۆتمەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى چۇڭچىڭ شەھەرلىك كومىتېتى شاسى رايونلۇق ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى ئالاھىدە تارمىقىنى قۇرۇشنى قارار قىلغان، ئۇ شۇجى بولغان.

1948 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، خائىننىڭ ساتقىنلىق قىلىشى بىلەن لىيۇ گوجى بەختكە قارشى قولغا ئېلىنغان. گومىنداڭ چۇڭچىڭ ئىشتابى 2 ـ باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى شۇ يۈەنجۈنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن، ئۇ ئاقپىشماق، سىپايە بۇ بەگزادىنىڭ ھەققىي كوممۇنىست بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، پەقەتلا ياشلارنىڭ يېڭىلىققا ئىنتىلىشى دەپ قارىغان. ھالبۇكى، دەھشەتلىك قىيىن ـ قىستاق ئالدىدا، لىيۇ گوجى تىز پۈكمىگەن. ئۇ چىشىنى چىڭ چىشلەپ، قارا تەرگە چۆمۈلگەن بولسىمۇ، بىر ئېغىزمۇ تىنمىغان، دۈشمەن سوراق قىلىشقا ئامالسىز قېلىپ، ئىلاجىسىز ئۇنى پۈتنى كىشەنلەپ تۈرمىگە تاشلىغان.

لىيۇ گوجى ئائىلىسىنىڭ سىچۈەندە ھوقۇقى ۋە تەسىرى بار بولۇپ، لىيۇ گوجى قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، لىيۇ ئائىلىسى تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق ئۇنى قۇتقۇزماقچى بولغان ھەم شياڭگاڭدىن لىيۇ گوجى(鋕)نىڭ بەشىنچى ئاكىسى لىيۇ گوجى(錤)نى چاقىرتىپ كەلگەن، ئۇ گومىنداڭ سىچۈەن ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى خې بېيخېڭنىڭ كۈيئوغلى ئىدى.

لىيۇ گوجى(錤) بىرىنچى قېتىم كەلگەندە، نۇرغۇن مال ـ دۇنيانىڭ قىزىقتۇرۇشىدا شۇ يۈەنجۈ ئادەمنى قويۇۋېتىشكە قوشۇلغان، ئەمما، لىيۇ گوجى(鋕) چوقۇم گېزىتتە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى تەشكىلاتىدىن چېكىنىپ چىقتىم دەپ باياناتنى ئېلان قىلىشى كېرەك، دەپ تۇرۇۋالغان. لىيۇ گوجى(鋕) قىلچە ئىككىلەنمەي: «بولمايدۇ. مەن ئۆلسەم، كومپارتىيە بار، مەن ئۆلمىگەنگە باراۋەر؛ مۇبادا تەشكىلگە ساتقىنلىق قىلسام، ھايات قالغىنىمنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن» دېگەن.

1949 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈپ جەنۇبىي جۇڭگو، غەربىي جەنۇبقا ھەربىي يۈرۈش قىلغان، چۇڭچىڭمۇ ئازاد بولۇش ئالدىدا تۇراتتى. بەشىنچى ئاكىسى لىيۇ گوجى(錤) يەنە بىر قېتىم شۇ يۈەنجۈنىڭ ئىشخانىسىغا كېلىپ، لىيۇ گوجى(鋕) ئۈچۈن يول ماڭغان. بۇ قېتىم لىيۇ گوجى(錤) شۇ يۈەنجۈگە ئاق چەك بېرىپ، قانچە پۇل لازىم بولسا، ئۆزى تولدۇرۇۋېلىشنى ئېيتقان.

شۇ يۈەنجۈ لىيۇ گوجى(鋕)نىڭ پارتىيەدىن چېكىنىش باياناتى ئېلان قىلماسلىقىغا ماقۇل بولغان، بىراق لىيۇ گوجى(錤) ۋاكالىتەن يازغان تۆۋبىنامىگە ئىمزا قويسا، ئاندىن لىيۇ گوجى(鋕)نى قويۇۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ھالبۇكى، لىيۇ گوجى(鋕) يەنىلا ناھايىتى قەتئىيلىك بىلەن: قويۇپ بەرسە شەرتسىز قويۇپ بەرسۇن، دېگەن. شۇنداق قىلىپ، ئىككىنچى قېتىملىق قۇتقۇزۇشمۇ مەغلۇپ بولغان.

1949 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، لىيۇ گوجى گومىنداڭ ئىشپىيونلىرىنىڭ چوڭ قىرغىنچىلىقىدا قۇربان بولغان، ئەينى يىلى 28 ياشتا ئىدى. ئۇ قۇربان بولۇش ئالدىدا ئىشپىيونلارنى غەزەپ بىلەن: «سىلەرنىڭ بۈگۈنۈڭلارلا قالدى، بىزنىڭ ئەتىمىز بار!» دەپ ئەيىبلىگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۈنلۈك ئاۋازدا «سوتسىيالىزم چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ! ئىنقىلاب چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ! جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ياشىسۇن!» دەپ توۋلىغان.

لۇجوۋ شەھەرلىك پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى گۈەن يەن ساپ قەلبكە ئىگە بۇ ئىنقىلابىي قۇربانىنى تىلغا ئالغاندا ناھايىتى ھاياجانلىنىدۇ، لىيۇ گوجىنى تېخىمۇ ياخشى خاتىرىلەش ئۈچۈن، بۇ يىل 5 ـ ئايدا، ئۇ خىزمەتداشلىرى بىلەن ئالايىتەن چۇڭچىڭدىكى جازىدۇڭغا بېرىپ قىممەتلىك ماتېرىياللارنى كۆرۈپ چىققان ھەم ئۆز قولى بىلەن ئۇنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم ماتېرىياللارنى بىرمۇبىر كۆچۈرۈپ كېلىپ ئارخىپ قىلىپ ساقلىغان.

لىيۇ گوجىنىڭ لايىقى زېڭ زىشيا ماقالە يېزىپ لىيۇ گوجىنى خاتىرىلىگەن، ئۇنىڭ ئەسلىشىچە، ئىككىسى تۈرمىدىكى چاغدا، لىيۇ گوجى ئۇنىڭغا رۇسىيەنىڭ «شەرەپ بىلەن قۇربان بولۇش» دېگەن ناخشىسىنى ئېيتىپ بەرگەن ئىكەن. زېڭ زىشيا مۇنداق يازغان: «ئۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى ھېسسىياتلىق، كۆتۈرەڭگۈ، تەسىرلىك ئىدى، ئۇنىڭ ناخشىسى گويا يولداشلارغا، تا كاللامدىن ئايرىلغىچە، دۈشمەنگە قارشى جان تىكىپ كۈرەش قىلىمەن دەپ قەسەم بېرىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى».

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)